شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W: مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

2019 - يىل 12 - ئاي 23
دۈشەنبە
维吾尔文 12月23日

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  24918 - سان  بۈگۈن 8 بەت

# ئاۋمېننىڭ تۆرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۆرتكە بولايلى

## —— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

مىلىك يىللىق دولقۇن تېخى پەسەيمەدى، شامال چىققاندا يەنە يەلكەن چىقىرىمىز. ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن 20 يىللىق تارىخي تۈگۈندە تۇرغاندا، ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتى يېڭى باسقۇچقا كىرگۈسى، يېڭى مۇساپىگە ئاتلانغۇسى.

«ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئىگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سېلىپ، خاتىرجەم شارائىتتىمۇ خەۋپ - خەتەرنى ئويلاپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاساسىدا ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ تۆرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۆرتكە بولۇشى كېرەك.» ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىنى قوللاش توغرىسىدىكى پىكىرنى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يېقىندا «تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىنى قوللاش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، پۇقراۋى كارخانىلار تەرەققىياتتا تۆرتكە بولۇش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كۆپەيتىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئورنىنى ئالغىلى بولمايدىغان رولىنى جارى قىلدۇردى. پۇقراۋى ئىگىلىك دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساس قىلىپ كۆپ خىل مۇلۇكچىلىكنى ئىگىلىكنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئىجادكارلىقنى يەنىمۇ قوزغىتىپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا تۆرتكە بولۇش، زامانىۋى ئىگىلىك سىستېمىسىنى قۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھازىر تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىنى قوللاش توغرىسىدىكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پۇقراۋى كارخانىلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ئىككىدە قىلچە تەۋرەنمەسلىك»تە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بازارلاشقان، قانۇنچىلاشقان، خەلقئارالاشقان سودا - تىجارەت مۇھىتى يارىتىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ بايلىق ئامىللىرى قانۇن بويىچە باراۋەر ئىشلىتىشى، رىقابەتكە ئاشكارا، ئادىل، باراۋەر قاتنىشىشى، قانۇننىڭ قوغدىشىغا باراۋەر ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىشى، تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشى، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تۆرتكە بولۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ يېڭىلىق يارىتىش مەنبەلىرىنى تولۇق ئېچىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق ئۇرغۇتۇپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

«پىكىر»دە ئادىل رىقابەتلىشىدىغان بازار مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك بولغان سىياسەت مۇھىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، باراۋەر قوغدىلىدىغان قانۇنچىلىق مۇھىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، پۇقراۋى كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، يېتەكلەش، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ قېلىپلاشقان، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېقىن، پاك ھۆكۈمەت - سودىگەرلەر مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش، تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت يەتتە تەرەپتىكى كونكرېت پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆرتكە بولغان بىر يىلدا

### باجنى كېمەيتىپ بازارغا ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كېلىش  باجنى كېمەيتىپ يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇش

# باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئۈنۈملۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى

مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىر** خەۋەر قىلدۇ: «بۇ يىلدىن بۇيان، كارخانىمىز 6 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قوشۇلما قىممەت بېجىنى كېمەيتىشتىن بەھرىمەن بولدى، مۆلچەرلىنىشچە، يەنە كارخانا تاپاۋەت بېجى بويىچە تەتقىق قىلىپ ئېچىش خىراجىتىنى قوشۇپ ھېسابلاپ چىقىرىۋېتىپ باج ئېلىشتا 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئېتىبار قىلىشتىن بەھرىمەن بولىدىكەنمىز» دېدى شىنشىڭ تۇرۇبا قۇيۇش فۇكاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ مالىيە مەسئۇلى ئەن جياڭ يېقىندا مۇخبىرغا.

باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنىڭ نەپ بېرىشى بىلەن، بۇ يىل شىنشىڭ تۇرۇبا قۇيۇش فۇكاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى تېخىمۇ كۆپ مەبلەغنى يەن - تېخنىكا تەتقىقاتىغا سالدى. بۇ شىركەت خېبېي قۇرۇلۇش داشۆسى، دالىيەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆسى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەر بىلەن «ئىشلەپچىقىرىش - ئوقۇتۇش - تەتقىقات ھەمكارلىق كېلىشىمى» ئىمزالاپ، تۇرۇبا قۇيۇش قۇرۇلۇشى تېخنىكا تۈردە يېڭىلىق يارىتىپ تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالغا سىلجىتتى. «يەن تەتقىقات سېلىنمىسىنى زورايتىش قەدىمىنى توغرا باستۇق، بۇ يىل شىركەتنىڭ ئۈنۈمى بۇلتۇرقىدىن كۆرۈنەرلىك ئاشتى» دېدى بۇ شىركەتنىڭ باش مۇدىرى يىن جىنشەن.

2019 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز تېخىمۇ زور كۆلەمدە باجنى كېمەيتىش،

(ئاخىرى 7 - بەتتە)



12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزىدە شەمگۇ رايونلۇق باج ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى شەھەر ئاھالىلىرىگە تىجارەت كىنىشكىسى بېجىرىشكە ئالاقىدار ئىشلارنى چۈشەندۈرمەكتە.
□ مۇخبىرىمىز چىن مېيخۇا فوتوسى

# بىر تال ئانار دانىسى  قىزىل تۇپراقتا يىلتىز تارتىش

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

□ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **لى جۈنشيا، مېھرىگۈل غوپۇر، جوۋ پېڭ، ۋاڭ چىمىڭ، جياڭشى گېزىتى مۇخبىرلىرى خوڭ خۆيفېڭ، سۇڭ سىجيا**

17 يىل ئىلگىرى، كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى قاراقاش ناھىيەسىدىن كەلگەن ئابدۇللا غوجىھاشىم خوتۇنى بىلەن بىللە جياڭشىنىڭ نەنچاڭغا كېلىپ قورۇق ئۈزۈم ساتتى. ئۇلار ئەينى چاغدا 17 يىلدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ 44 زەنجىرسىمان دۇكىنى بار يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى؛ ئۇلار ئابدۇللانىڭ جياڭشى ئۆلكىلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى، جياڭشى ئۆلكىسى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس قاتارلىق بىر قاتار شەرەپلەرگە ئېرىشىشىنى تېخىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى.

شىنجاڭلىق بىر سودىگەر قانداق قىلىپ جياڭشىدىن ئىبارەت بۇ قىزىل تۇپراقتا شۇنچە يۇقىرى شان - شەرەپكە ئېرىشەلىدى؟ 17 يىلدىن بۇيان ئابدۇللا نەنچاڭدا يىلتىز تارتىپ، شۇ جايدىكى ئاما بىلەن قان - قېرىنداشلاردەك ئۆتۈپ، ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق بۇنىڭغا ئەڭ جانلىق جاۋاب بەردى.

**«مېنىڭ نەنچاڭدا نۇرغۇن تۇغقىنىم بار»**

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، نەنچاڭ، سىم - سىم يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى، سوغۇق شامال يۈزگە ئۇرۇلاتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# رەزىل نىيەتنى ئېنىق تونۇپ، قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغدايمەن

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى، سابىق باش تەپتىش **قاسىم مامۇت**

ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىغا قارىتا كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە غەزىپىنى بىلدۈردى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋا - گەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### يۈرۈش سۈرئىتى تېخىمۇ تېز  راھەتلىك دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى

# «گۈللىنىش ناملىق» پويىز شىنجاڭنىڭ تېز سۈرئەتلىك قاتناش تورىنى بەرپا قىلدى

مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلدۇ: 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سائەت 21دىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە، C8769 قېتىملىق پويىز ئۈرۈمچى ۋوگزالىدىن قارامايغا قاراپ يولغا چىقتى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى جاي ئارىسىدا قاتنايدىغان «گۈللىنىش ناملىق» سائەتلىك سۈرئىتى 160 كىلومېتىر بولغان دىنامىكلىق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئوق پويىز گۇرۇپپىسى تۇنجى قېتىم يۈرۈشكە باشلىدى.

«گۈللىنىش ناملىق» ئوق پويىز گۇرۇپپىسى تۆت جۈپتىن بەش جۈپكە كۆپىيىپ، ئالتۇن ۋاقىتتىكى ئەڭ تېز يۈرۈش ۋاقتى 2 سائەت 29 مىنۇتقا قىسقىراپ، قاراماي ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان «2.5 سائەتلىك قاتناش چەمبىرىكى»گە كىردى.

ئادەتتىكى پويىزنىڭ سۈرئىتىدىن تېخىمۇ تېز سۈرئەت، ئوق پويىزغا ئوخشاش

(ئاخىرى 8 - بەتتە)

## «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى شىنجاڭ»

ئىستون سۆزى

«بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد - سودا، مەدەنىيەت ئالاقىسى كۈنسېرى كۆپەيدى. شىنجاڭ خاس جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىككە تايىنىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى يادرولۇق رايونغا ئايلاندى، بارغانسېرى كۆپ چەت ئەللىك شىنجاڭدا ئوقۇش، خىزمەت قىلىش، تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تاللىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى شىنجاڭ قانداق؟ بۈگۈندىن باشلاپ گېزىتىمىزدە «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى شىنجاڭ» ئىستونىنى تەسىس قىلدۇق، بۇ ئىستوندا ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى، ھېس قىلغانلىرىنى بايان قىلىپ، چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ھەقىقىي شىنجاڭنى چۈشىنىمىز.

# «تېخىمۇ كۆپ دوستلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى قارشى ئالىمەن»

□ مۇخبىرىمىز جاۋ شيا

«جۇڭگو شىنجاڭ ياخشى جاي، مەن بۇ يەرنى بەك ياخشى كۆرىمەن، تېخىمۇ كۆپ دوستلارنىڭ بۇ يەرگە ساياھەتكە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن ئۇلارغا يول باشلىغۇچى بولۇشنى ئىنتايىن خالايمەن» دېدى شىنجاڭ داشۆنىڭ ساياھەت باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئافغانىستانلىق ئوقۇغۇچى شاھان فىدامۇھەممەد 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قىزغىن ھالدا.

شىنجاڭ داشۆنىڭ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىدا، شاھاننىڭ 20 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق كىچىككىنە ياتىقى پاكىز، رەتلىك بولۇپ، دەملەنگەن پەمىل چاينىڭ خۇش پۇرىقى پۈتۈن ياتاقنى تۇرمۇش پۇرىقىغا چۆمدۈرگەنىدى.

ياتاقنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى چاي ئىشكاپىغا يەسمەنگۈلى چېيى، پۇئېر چېيى ۋە قارا چاي قاتارلىقلار تىزىلغانىدى. «شىنجاڭلىقلار ئىنتايىن دوستانە، مەن بۇ يەردىكى دوستلار بىلەن چاي ئىچكەچ مۇڭدىشىپ، تارىخ، مەدەنىيەت توغرىسىدا پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرىمەن!» 2018 - يىلى، شاھان جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە ساياھەتتىنى قىزغىن سۆيگەنلىكى ئۈچۈن، شىنجاڭ داشۆ خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش شۆيۈەنىنىڭ ساياھەت باشقۇرۇش كەسپىدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن كەلدى، بۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇپ ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا شاھان شىنجاڭنىڭ مەززىلىك تائاملىرى، مەدەنىيىتى تەدرىجىي ياخشى كۆرۈپ قالدى، ھەر مىللەتتىن نۇرغۇن دوست تۇتتى. يېقىندا، ئۇ توخۇ قوردىقى قورۇشنى ئۆگىنىپ، قىشلىق تەتىلدە بۇ «شىنجاڭچە تەم»نى يۇرتىغا ئېلىپ كېتىشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

ساياھەت باشقۇرۇش كەسپىدىكى بىر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەلۋەتتە شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشنى قولدىن بېرىپ قويمىدى، شاھاننىڭ يان تېلېفونىنىڭ ئالبومىدا ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ساياھەت ئىزلىرى قالدى: ئىلىدىكى چېچەك سەيلىسى، چۆلدىكى نېفىتلىكتە قۇدۇق بۇرغىلاشنى كۆرۈش، تۇرپاندا قۇمدا داۋالىنىشنى ھېس قىلىش، مۇزېيدا شىنجاڭ تارىخىنى چۈشىنىش…

«بىز پويىزغا ئولتۇرۇپ تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ساياھەت قىلدۇق، يول بويى قىزغىن، مېھماندوست كىشىلەرنى ئۇچراتتۇق، ناھايىتى بەختىيار، ناھايىتى ئىللىق ئىكەن!» بۇ يىل يازدا، شاھان ھەمراھلىرى بىلەن قاراماي ساياھىتىگە بارغاندا، يولدا بىر توپ دوستلار بىلەن تونۇشتى، يول بويى كۈلكە - چاقچاق قىلىشىپ، سەپەر شادلىقىغا چۆمدى. ئۇلارنىڭ قارامايغا تۇنجى قېتىم كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، كۆيچىلىك ياردەملىشىپ تەپسىلىي ساياھەت پىلانى تۈزۈپ بەردى، بۇ ئىش شاھاننى ھازىرمۇ ناھايىتى تەسىرلەندۈرىدۇ.

(ئاخىرى 5 - بەتتە)

# پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىتتى

## ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى باش تىپما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىدى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنمېي** خەۋەر قىلدۇ: نىيە ناھىيەسى ئەندىر يېزىسى فەنرۇڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سۇلايمان مەتمىننىڭ چىلانلىقىدا، 300دىن ئارتۇق ئاممىغا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ «نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش مۇتەخەسسىسلەر مۇلازىمەت ھەرىكىتى» تۈرىنى ئۈستىگە ئالغان شىنجاڭ مىكرو بىيولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ چىلان يوپۇرمىقىغا يۇپۇرماققا چېچىلىدىغان ئوغۇتنى پۈركۈش، مېۋىگە كىرگۈزۈش، مېۋە ئاسراش ھەمدە چىلان ھۆررەك پاشىسى ۋە قاسراقلىق قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى چۈشەندۈرۈشىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى.

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، نىشان مەركىزىنى نىشانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىگە توغرىلىنىپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشكە ياردەم بېرىشنى نىشان قىلىپ، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ «نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش مۇتەخەسسىسلەر مۇلازىمەت ھەرىكىتى»نى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، ساھەلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشكە ياردەم بېرىشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ھەقىقىي نەتىجىگە ئايلاندۇردى.

«نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش مۇتەخەسسىسلەر مۇلازىمەت ھەرىكىتى» نۇقتىلىق ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا يۈزلەندۈرۈلدى. باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق نۇقتىلىرىدا يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇلازىمىتى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق پەن - تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەش،

(ئاخىرى 8 - بەتتە)